السنّة النبوية وعلومها
www.sunnah.global

# كىمكى بىر غېرىچ زېمىنغا زۇلۇم قىلسا، قىيامەت كۈنى يەتتە قات زېمىنىنىڭ مىقدارىدا بويىنىغا ئېسىپ قويۇلىدۇ

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «كىمكى بىر غېرىچ زېمىنغا زۇلۇم قىلسا، قىيامەت كۈنى يەتتە قات زېمىنىنىڭ مىقدارىدا بويىنىغا ئېسىپ قويۇلىدۇ» دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدى
[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

بىر ئىنساننىڭ مىلى يەنە بىر ئىنسانغا ھارامدۇر، بىر ئادەمنىڭ يەنە بىرىنىڭ ھەققىدىن بىرەر نەرسىنى رازىلىقىسىز ئېلىشى ھالال بولمايدۇ، زېمىندا زۇلۇم قىلىش: زۇلۇم قىلىپ ھۆكۈمرانلىق قىلىشنىڭ مۇددىتى ئۇزۇن داۋاملىشىدىغانلىقى ئۈچۈن ئەڭ يامان زۇلۇمدۇر، شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئاز بولسۇن ياكى كۆپ بولسۇن، زېمىندىن باشقىلارغا زۇلۇم قىلغان كىشى قىيامەت كۈنى قاتتىق ئازابلىنىدىغانلىقىنى، ئىگەللىۋېلىش ئارقىلىق زېمىن ئىگىسىگە زۇلۇم قىلغانلىقىغا جازالاش ئۈچۈن ئۇنىڭ گەردىنى قاتتىق ۋە ئۇزۇن قىلىنىپ، ئۇ بۇلىغان زېمىن ۋە ئاستىدىكى نەرسىلەر يەتتە قات زېمىنغىچە ئۇنىڭ بويىنىغا ئېسىلىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلدى. ئومۇمنىڭ زېمىنىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالماستىن، ئىگەللىۋالماستىن ئىشلىتىش ئاگاھلاندۇرۇشنىڭ ئىچىگە كىرمەيدۇ، "ئەلمۇغنى" دا مۇنداق بايان قىلىنىدۇ: "چوڭ كوچىلاردا، يوللار ۋە بىنالارنىڭ ئارىسىدىكى بوش جايلارنى كەڭرى بولسۇن ياكى تار بولسۇن، ياكى كىشىلەرگە قىيىنچىلىق كەلسۇن ياكى كەلمىسۇن بىر كىشىنىڭ ئىگەللىۋېلىش ھەققى يوق، چۈنكى بۇ جايدا ئومۇمى مۇسۇلمانلار ئورتاق بولىدۇ، ئۇلارنىڭ مەنپەئەتىگە ئالاقىدار بولىدۇ، بۇ جايلار ئۇلارنىڭ مەسچىتلىرىگە ئوخشاش بولۇپ، بىرەر مۇسۇلمانغا قىيىنچىلىق پەيدا قىلماستىن، قاتناشقا زىيان يەتكۈزمەستىن، ئىلىم-سېتىم ئۈچۈن كەڭ جايدا ئولتۇرۇپ پايدىلانسا بولىدۇ. بۇ زامانلاردىن بىرى ھەر قايسى شەھەر ئەھلى ئىنكار قىلماي، ئۇنى ئىتراپ قىلىپ بىرلىككە كەلگەن مەسلە بولۇپ، كىسىپ ئۆتۈشكە ئوخشاش رۇخسەت ئىش بىلەن باشقىلارغا زىيان يەتكۈزمىگەن ئاساستا پايدىلانسا چەكلەنمەيدۇ

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/5843

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee